دۆلەتلىك «11 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا

## ئومۇمىي ساۋات قىسمى

تۈزگۈچىلەر: ۋاڭ فاڭ قاتارلىقلار
رەسىمنى سىزغۇچىلار: لى چۈەنخۇا، جۇ چۈنگېن قاتارلىقلار

3 – 4 ياشتىكى بالىلار ئۈچۈن

ئەڭ يېڭى نۇسخا

ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قوللانمىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى






ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا

ئەڭ يېڭى نۇسخا

3 ـ 4 ياش

ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قوللانمىسى

.......................................

ئومۇمىي ساۋات قىسمى

**图书在版编目（CIP）数据**

半小时妈妈．3~4岁．常识篇：维吾尔文/王芳等编；海力古丽·衣不拉音译．—北京：民族出版社，2008.7
（托起明天的太阳．民文青少年读物丛书）
ISBN 978-7-105-09500-1

Ⅰ．半… Ⅱ．①王…②海…Ⅲ．常识课—学前教育—教学参考资料—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．G613

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第108958号

翻　　译：海力古丽·衣不拉音
责任编辑：胡达白尔的
责任校对：哈尔木拉提
制　　作：伊萨克江·伊布拉英

出版发行：民族出版社出版发行
http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市东城区和平里北街14号
电　　话：010_64290862（维文室）邮编：100013
印　　刷：民族印刷厂印刷
开　　本：889毫米×1194毫米　1/24
印　　张：3.084
版　　次：2008年7月第1版　2008年7月北京第1次印刷
印　　数：0001— 3000册
定　　价：8.00元
ISBN 978-7-105-09500-1/G.1700　（维401）

本书根据浙江少年儿童出版社2006年6月第4版第36次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جېجياڭ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ
2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى 4 ـ نەشرى 36 ـ
باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: خەيرىگۈل ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىر : خۇدابەردى خېلىل
مەسئۇل كوررېكتور: خالمۇرات ئىمىن
بەتچىك : ئىسھاقجان ئىبراھىم

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
http://www.e56.com.cn
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون نومۇرى: 010ـ64290862
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
نەشرى: 2008ـ يىل 7ـ ئايدا بېيجىڭدا 1ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2008ـ يىل 7ـ ئايدا بېيجىڭدا 1ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 889×1194م م. 24 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 3.084 سانى: 3000 ـــ 0001
باھاسى: 8.00 يۈەن


# مۇندەرىجە


سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسى ........................ 2
چۆپ يېيىش ........................ 3
رەسىمگە قاراپ نەرسىلەرنى تونۇش ........................ 4
"پوپىز"نىڭ "ئۈككۈر"دىن ئۆتۈشى ........................ 5
تۇخۇم زىياپىتى ........................ 8
ئاشخانىدىكى كۆكۈل ئېچىش پائالىيىتى ........................ 9
شىر بالىسىنىڭ بازار ئايلىنىشى ........................ 12
ئويۇنچۇقلارنى رەتلەش ........................ 14
رەسىمگە قاراپ نەرسىلەرنى تونۇش ........................ 16
كوچا چىرىغى ........................ 18
خەت تونۇش ........................ 20
شېئىرىي تېپىشماقلار ........................ 24
تاماق تاللىماق ........................ 26
دىلنار قىرمىغا باردى ........................ 29
زىراپە ........................ 30
مۈشۈكئېيىق ........................ 31
ھايۋانلارنىڭ ئۆيى ........................ 32
كېنگۇرۇ ........................ 34
نېمىسى پۇتىدىن ئۇزۇن؟ ........................ 35
ئارىلاش قويۇلغان مېۋىلەر ........................ 36
بەش ئەزا ........................ 37
قار ئۇچقۇنى ........................ 38
كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا؟ ........................ 40
ئەركىن يولدىن ئېزىپ قالدى ........................ 42
ئەينەك ........................ 46
دېرىزە ئەينىكى نەگە كەتتى؟ ........................ 48
ماگنىت بىلەن كىم دوست بولالايدۇ؟ ........................ 50
كىچىك قايچا ........................ 51
ياغاچتىن نېمىلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ؟ ........................ 53
ھەرخىل بايراملار ........................ 54
قۇش بالىلىرى مۈشۈكتىن قورقمايدۇ ........................ 58
كىمنىڭ قىياپىتى توغرا؟ ........................ 59
زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش ........................ 60
گۈل تېرىش ........................ 62
گۈل ........................ 65
مايمۇنچاقنىڭ گۈل چەمبىرەك ياسىشى ........................ 66
قىزىل ئالتۇن بېلىق ........................ 68
چاشقاننىڭ توك ئىشلىتىشى ........................ 69
سۇنىڭ قانداق رولى بار؟ ........................ 72


www.uyghurkitap.com

# سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسى

بۇ كىچىك ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىگە قاتناشماقچى بولۇپتۇ، ئۇلارنىڭ قايسىلىرى سۇ ئۈزەلەيدۇ، قايسىلىرى سۇ ئۈزەلمەيدۇ؟



كونا گېزىت، چوكا ۋە سىرلىياۋ قاچىدىن پايدىلىنىپ قىزىقارلىق چۆپ يېيىش ئويۇنى ئوينىغىلى بولىدۇ، قېنى تېزدىن كېلىپ ئۆگىنىۋېلىڭ.

# چۆپ يېيىش



1. كونا گېزىتنى تال - تال قىلىپ يىرتىپ چۆپ شەكلىگە كەلتۈرۈپ بىر قاچىغا سېلىڭ.



2. چۆپنى بىر قاچىدىن يەنە بىر قاچىغا چوكا بىلەن قىسىپ ئېلىڭ.

**ئەسكەرتىش**

بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ قول مۇسكۇللىرىنى چېنىقتۇرىدۇ. ئاتا بالا بىلەن بىللە چۆپ قىسىش ئويۇنى ئوينىغاندىن باشقا يەنە پۇرچاق، خاسىڭ قاتارلىقلارنى قىسىپ ئوينىسا بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# رەسىمگە قاراپ نەرسىلەرنى تونۇش

رەسىمدە نېمىلەر بار؟ ئۇلار قانداق ئىشلىتىلىدۇ؟



پەلەي



پايپاق



پىكاپ




كىتاب



تارغاق



تېلېفون




كۆزئەينەك

ئۈستەل چىرىغى





سائەت



قېرىنداش



كۈنلۈك



پىچاق

# ”پويىز“نىڭ ”ئۆڭكۈر“دىن ئۆتۈشى



1. قوزام ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئىشتىنىڭىزنى كىيىڭ، بۈگۈن ”ئاق پويىز“ قىزىل ”ئۆڭكۈر“دىن ئۆتىدۇ.



2. ”غۇر - غۇر“ سول تەرەپتىكى ”پويىز“ ”ئۆڭكۈر“دىن ئۆتتى.



3. ”غۇر - غۇر“ ئوڭ تەرەپتىكى ”پويىز“ ”ئۆڭكۈر“دىن ئۆتتى.

www.uyghurkitap.com



4. ۋاي! چاتاق بولدى! ئىككى "پويىز" بىر "ئۆڭكۈر"گە كىرىپ قېلىپ ماڭالمىدى.



5. "پويىز" كەينىگە ياندى، "پويىز" كەينىگە ياندى!



6. "غۇر - غۇر -" ئوڭ تەرەپتىكى "پويىز" يەنە ئۆڭكۈرگە كىردى.

www.uyghurkitap.com



7. "غۇر-غـۇر-" ئىككى "پويىز" ئۆڭكۈردىـن ئۆتـۈپ بولدى. ئىشـتان كىيىلىپ بولدى.

ئەسكەرتىش

تۇرمۇشتا جانلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، بالىغا كىيىم كىيىشـنى، ئوڭ- سـولنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگەتكىلى بولىدۇ. بۇ يەردە بىز ھېكايە ۋە ئويۇن شەكلىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن جەرياننى ئاددىي ۋە قىزىقارلىق قىلىشقا تىرىشتۇق. بۇ ئويۇننى، ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغان ياكى ئىشتان ئالماشـتۇرغاندا ئوينىسا بولىدۇ. ئانا بالىغا ئۇنىـڭ پۇتىنىڭ پويىزغا، ئىشـتانىڭ ئىككى پۇچقىقىنىـڭ ئۆڭكۈرگە ئوخشـايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بالىدا قىزغىنلىق پەيدا قىلىشى كېرەك.



# تۇخۇم زىياپىتى

ۋاھ! كىچىككىنە تۇخۇمدىن ھەرخىل مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى ياسىغىلى بولىدىكەن! قېنى سىز تۇخۇمدىن ياسالغان يېمەكلىكلەردىن قانچە خىلنى ئويلاپ تاپالايسىز؟

**ئەسكەرتىش**

ئانا بالا بىلەن بىرگە تۇخۇمنى دۇملەپ پىشۇرۇش، تۇخۇم پوشكىلى ياساش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق بالىنىڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇخۇم يېمەيدىغان بالىغا نىسبەتەن بۇ ئويۇن، ئۇنىڭ تاماق تاللايدىغان يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن.



# ئاشخانىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى

1. كەچتە ئاشخانىدىن قاتتىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلىنىپتۇ. گۈزەلنۇر ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ باقسا، ئاشخانىدىكى قازان - قومۇچلار كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى قىلىۋېتىپتۇ!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

2. ئىستاكان، قاچا ۋە چوكىلار مۇزىكا ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىپ، مۇزىكا ئورۇنلاپتۇ. قازان بىلەن كەپكۈر قورۇما قورۇش ئۇسسۇلى ئويناپتۇ. گۇرۇچ ئىلغاش قاچىسى سۇ چېچىش ماھارىتى كۆرسىتىپتۇ. تەخسىلەر دەستە - دەستە بولۇپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ.





www.uyghurkitap.com

3. گۈزەلنۇر ئىشىكتىن كىرىپتىكەن نومۇر ئورۇنلاش توختاپتۇ. ياڭ ياڭ ئۇلارنى داۋاملىق ئورۇنلاشقا تەكلىپ قىلىپتىكەن. ئۇلار ياڭ ياڭغا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرسە ئاندىن نومۇر ئورۇنلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كىچىك دوست! سىز ياڭ ياڭغا ياردەم قىلالامسىز؟

**ئەسكەرتىش**

ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى تونۇش ئۈچ-تۆت ياشلىق بالىلار ئەڭ قىزىقىدىغان ئىشلاردۇر، ئانا كۆپرەك پۇرسەت يارىتىپ، بالىلارنىڭ بۇ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشى كېرەك. ئانا بالىنى يېتەكلەپ رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتقۇزغاندىن سىرت يەنە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى سورىسا بولىدۇ.




شىر بالىسى سىرتقا چىقىپ چېچىنى ياساتقۇزماقچى، كىيىم سېتىۋالماقچى ھەم كىچىك پىلىغا چوڭ بىر تورت سېتىۋالماقچى بولۇپتۇ، قېنى سىز ئۇ بارماقچى بولغان دۇكانلارنى تېپىپ چىقىڭ.

ئەسكەرتىش

ئانا بالىغا شىر بالىسىنىڭ ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن قايسى ئورۇنلارغا بېرىشى كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭغا رەسىمدىكى ئورۇنلارنىمۇ ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك.

# شىر بالىسىنىڭ بازار ئايلىنىشى




www.uyghurkitap.com

# ئويۇنچۇقلارنى رەتلەش

بۇ قالايمىقان ئويۇنچۇقلارنى قانداق يىغىشتۇرۇش كېرەك؟
بىرلىكتە كېيىنكى بەتتىكى رەسىمنى كۆرۈپ باقايلى!





## ئەسكەرتىش


ئانا بالا بىلەن بىرگە كىتاب ۋە ئويۇنچۇقلارنىڭ ئورنىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قەيەردە ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا بەلگە سىلىپ قويسا ھەم بالىدىن بۇ نەرسىلەرنى رەتلىك تىزىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# رەسىمگە قاراپ نەرسىلەرنى تونۇش



يەلكەنلىك كېمە




ئېلېكترون ماتورلۇق
ۋېلسىپىت



پاراخوت



قۇتقۇزۇش ماشىنىسى




پويىز

**ئەسكەرتىش**

ئانا بالىغا رەسىمدىكى قاتناش قوراللىرىنى تونۇتۇشى ھەم بالىغا قايسىلىرىنىڭ ھاۋادا ئۇچىدىغانلىقىنى، قايسىلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ياكى سۇدا ماڭىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى




خەلق ئاۋىئاتسىيە
ئايروپىلانى



تىك ئۇچار ئايروپىلان




يۈك ئاپتوموبىلى



ۋېلىسىپىت



پىكاپ




تراللېيبۇس

# كوچا چىرىغى

قول تۇتۇشۇپ چوڭ يولدا ،
ئاينۇر بىلەن ئىككىمىز .
قىزىل چىراغدا توختايمىز ،
يېشىل چىراغدا ماڭىمىز .



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




ئەسكەرتىش

ئانا بالنى ئەگەشتۇرۇپ كوچىغا چىققاندا، بالىغا ماشىنا ۋە پىيادىلەرنىڭ يولدىن قانداق ئۆتكەنلىكىنى كۆزەتكۈزۈشى، بالىغا يولدىن ئۆتكەندە يول چىرىغىغا قاراپ، قىزىل چىراغ ياندغاندا مېڭىشقا بولمايدىغانلىقىنى، يېشىل چىراغ ياندغاندا مېڭىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى لازىم.

# خەت توشۇش






1. چوڭ ئاق غاز ئورمان پوچتا ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى، بىر توپ كىچىك غازلار بولسا پوچتالىيون ئىكەن.



2. چوڭ غاز ھەر كۈنى توشۇلىدىغان خەتلەرنى بىر قانچە دۆۋىگە ئايرىپ، ئۇلارنى ھەرخىل خالتىلارغا قاچىلاپ، كىچىك غازلارنى توشۇشقا بۇيرۇيدىكەن.

3. غاز ئاكا، غازلار توپى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكلەردىن بولۇپ، چوڭ غاز ئۇنىڭغا ئەڭ يىراققا توشۇلىدىغان خالتىنى توشۇشقا بۇيرۇپتۇ.

4. بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسى تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشايدىغان چاشقانلارغا ئەۋەتىلگەن خەتلەر بولۇپ، غاز ئاكا خەت خالتىسىنى يۈدۈپ دەرھاللا يولغا چىقىپتۇ.





5. غاز ئاكا يايلاق ۋە دەريالاردىن ئۆتۈپ تاغ تۈۋىگە كېلىپتۇ-دە، توختاپ ئازراق ئارام ئالغاچ كۆڭلىدە «نېمدېگەن يىراق-ھە!» دەپ ئويلاپتۇ.



www.uyghurkitap.com

6. غاز ئاكا تاغ قاپتىلىدىن ئۆتۈپ خەتلەرنى يەتكۈزۈپ بەرگەن چاغدا قاراڭغۇ چۈشەيلا دەپ قالغانىكەن، چاشقانلار تەسىرلەنگەنلىكتىن: "سىزنى ئاۋارە قىلدۇق، بىزنىڭ ئۆيىمىز ھەقىقەتەن بەكلا يىراق" دەپتۇ.



7. غاز ئاچــا يەتكۈزىدىغان خەتلەر ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىســـدە بولۇپ، ئۇ يەرمۇ خېلىلا يىراق ئىكەن. ئۇمۇ دەرھاللا يولغا چىقىپتۇ.

8. ئورمانلىقتىكى دوستلار خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلــىپ، غاز ئاچنــى ئورىۋېلىپ: "بەك ياخشــى بولدى، بىز يەنە دوســتلارنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق" دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ.





9. كىچىك ئاق غاز ئەڭ كىچىك پوچتالىيون بولۇپ، ئۇ خەت توشۇيدىغان جاي ناھايىتى يېقىنكەن، ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ بىر دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپلا ئۆردەك مومايىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ: "سىزنىڭ خېتىڭىز، ئۆردەك موما" دەپتۇ.

**ئەسكەرتىش**

بۇ ھېكايە بالىلارنىڭ يىراق-يېقىنلىق ئۇقۇمىغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.



10. پوچتىخانىغا ئەڭ بۇرۇن قايتىپ كەلگەن كىچىك ئاق غاز غاز ئاكا ۋە غاز ھەدىلىرىگە ئىسسىق چاي دەملەپ بېرىش ئۈچۈن سۇ قاينىتىشقا كىرىشىپتۇ.



# شېئىرىي تېپىشماقلار

سوئالىمغا كىم جاۋاب؟
قانداق كۆكتات كۆلچەكتە؟
سۇ ياڭقى ئۆسىدۇ،
بېرىپ كۆرگىن كۆلچەكتە.

سوئالىمغا كىم جاۋاب؟
ھەدى شېرىن كۆكتاتلار؟
كۇدە بىلەن ئوسۇك،
تاپالايسەن پۇراپلا.

سوئالىمغا كىم جاۋاب؟
كۆكتات ئىكەن ئىككى باش؟
ئۇندۇرمە، سەيپۇرچاق،
ئىككى باشلىق قەلەمقاش.

سوئالىمغا كىم جاۋاب؟
قايسى كۆكتات تىكەنلىك؟
يېڭى ئۈزگەن تەرخەمەك،
ئۇچلۇق تىكەن، كۆك تەنلىك.


سوئالىمغا كىم جاۋاب؟
كىمنىڭ تونى نەچچە قات؟
بامبۇك سەينىڭ تونلىرى،
بەك ياراشقان قاتمۇقات.


سوئالىمغا كىم جاۋاب؟
نېمە ئۇزۇن، يۇمىلاق؟
كۆك پېدىگەن - كۆكتاتنىڭ،
بويىنى ئۇزۇن يۇمىلاق.

سوئالىمغا كىم جاۋاب؟
كىمنىڭ سېرىق چېچەكى؟
كاۋا بىلەن ئاغىچە،
سېرىق چېچەك ئېتىكى.

سوئالىمغا كىم جاۋاب؟
دۈگىلەك توپقا كىم ئوخشار؟
كاللەكبەسەي — كاپۇستا،
قانات ئېچىپ شاد ياشار.

سوئالىمغا كىم جاۋاب؟
تاتلىق قىزىل كىم يۇمشاق؟
كۆكتات گۈلى شوخلا،
تۇگمەيدۇ بۇ قوشاق.






**ئەسكەرتىش**

ئانا بالا بىلەن تېپىشماق ئېيتىشىپ ، تېپىشماقتا دېيىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرىدىكى رەسىمدىن تاپقىلى بولامدۇ- يوق؟ بۇنى بالىدىن سوراپ باقسا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# تاماق تاللىماڭ

1. پاك پاك بىلەن يۈەن يۈەن قوشكېزەكلەر ئىكەن.



2. پاك پاك ئاپئاق، بۇدرۇق بالا بولۇپ، ئەزەلدىن تاماق تاللىمايدىكەن. يۈەن يۈەن ئۇنىڭ ئەكسىچە پەقەت بېلىق ۋە گۆشلا يەيدىكەن، دۇفۇ ۋە كۆكتاتلارنى كۆرسە قاپىقى تۈرۈلىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

3. كېينچە يۆەن يۆەن بارغانسېرى ئورۇقلاپ، دائىم كېسەل بولىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ يەنە قورسىقى ئاغرىپ قاپتۇ.



4. ئاپىسى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپتۇ، دوختۇر ئەھۋالنى سوراپ ئۇققاندىن كېيىن: ”كۆكتات ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ، دۇفۇ (پۇرچاق ئۇيۇتمىسى)نىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، تاماقنى تاللىماي يېگەندىلا تەن سالامەت بولىدۇ“ دەپتۇ.





5. ھازىر يۈەن يۈەن پاڭ پاڭغا ئوخشاشلا تاماق تاللىمايدىغان بولدى. قاراڭ، ئۇنىڭ ساغلاملىقىغا!

**ئەسكەرتىش**

بۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بولۇپ بالىدىن رەسىمدىكىلەرنىڭ قايسىلىرىنىڭ گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىك، قايسىلىرىنىڭ باشقا تۈردىكى يېمەكلىك ئىكەنلىكىنى سوراپ، بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىنى بالىغا سۆزلەپ بېرىپ، بالىغا تاماق تاللىماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلسا بولىدۇ.



# دىلنار فېرمىغا باردى

فېرمىدا نېمىلەر بار ئىكەن؟



**ئەسكەرتىش**

بالىدىن دىلنارنىڭ فېرمىدا نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى سوراڭ. بالا رەسىمدىكى ھايۋانلارنى تونۇپ چىققاندىن كېيىن، بالىغا كالا، قوي، ئات قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# زىراپە

بېشى كىچىك بويىنى ئۇزۇن بىر نەرسە،
تۈكى سېرىق دۈمبىسىدە بار تەڭگە.
پۇتى ئۇزۇن بويى ئېگىز ئۆيدىنمۇ،
ئوتلاپ يۈرەر يايلاقلاردا جىممىدە.



**ئەسكەرتىش**

بۇ تېپىشماق زىراپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىخچام قىلىپ تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئانا بالىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرسە بولىدۇ. مەسىلەن: زىراپە دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز ھايۋان، ئۇنىڭ بويىنى بەكمۇ ئۇزۇن. زىراپىنىڭ قوڭۇر سېرىق رەڭلىك تۈكلىرىنىڭ ئۈستىدە تەڭگىچىلىرى بار. ئۇنىڭ تۆت پۇتىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، ئىنتايىن تېز يۈگۈرەيدۇ. ئۇ ئادەتتە ئاۋاز چىقارمايدىغان بولغاچقا بەزى كىشىلەر ئۇنى گاچا دەپ قارايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۆشۈكئېيىق

مۆشۈكئېيىق، مۆشۈكئېيىق،
سېمىز بەدىنى قويۇق تۈك.
قۇلىقى قارا، كۆزى قارا،
ئېيىق بەدەن مۆشۈك يۈز.

مۆشۈكئېيىق، مۆشۈكئېيىق،
ئىرغاڭلاپ مېڭىپ كەلدى.
بامبۇك يوپۇرمىقى، نوتىسىنى،
خۇشاللىقتا يەپ تويدى.

مۆشۈكئېيىق، مۆشۈكئېيىق،
يامىشىش، دومىلاشنىڭ ماھىرى.
مۇلايىم ھەم چىققشاق،
ھايۋانات باغچىسىنىڭ گۆھىرى.


**ئەسكەرتىش**

بۇ بالىلار ناخشىسى مۆشۈكئېيىقنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئادەتلىرىنى ئاددىي ھالدا تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئانا بالىغا بۇ شېئىرنى يادلاتقۇزغاندىن سىرت يەنە بالىغا مۆشۈكئېيىقنىڭ دۆلىتىمىزدىكى قوغدىلىدىغان قىممەتلىك ھايۋانلاردىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بارلىق ئىنسانلارنىڭ كۆيۈنۈشى ۋە قوغدىشىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسە بولىدۇ.

# ھايۋانلارنىڭ ئۆيى


سول تەرەپتىكى رەسىمدىكى ھايۋانلارنى كېسىۋېلىپ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ “ئۆي“لىرىگە ئاپىرىپ قويۇڭ!














**ئەسكەرتىش**

بۇ ئويۇن ئارقىلىق بالىلارغا بىر قىسىم هايۋانلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئادەتلىرىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئاتا بالىنى هايۋاناتلار باغچىسىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ، بالىغا رەسىمدىكى هايۋانلارنى بىۋاستە تونۇتسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# كېنگۇرۇ

غەلتە بىر ئانا بار،
بەدىنىدە خالتىسى بار.
سالماس ئاڭا يېمەكلىك،
ئۆنىڭ ئىچىدە بالىسى بار.

# نىمىسى پۇتىدىن ئۇزۇن؟


كىمنىڭ بۇرۇتى ئۇزۇن پۇتىدىن؟ راكنىڭ بۇرۇتى ئۇزۇن پۇتىدىن؛
كىمنىڭ بۇرنى ئۇزۇن پۇتىدىن؟ پىلنىڭ بۇرنى ئۇزۇن پۇتىدىن؛
كىمنىڭ بويىنى ئۇزۇن پۇتىدىن؟ غازنىڭ بويىنى ئۇزۇن پۇتىدىن؛
كىمنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن پۇتىدىن؟ چاشقاننىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن پۇتىدىن.



www.uyghurkitap.com


# ئارىلاش قويۇلغان مېۋىلەر

قېنى ئېيتىپ بېقىڭ، بۇ تەخسىدە قانداق مېۋىلەر بار؟



**ئەسكەرتىش**


بۇ ئويۇن بالىلارغا مېۋىلەرنىڭ كەسمە يۈزىگە قاراپ مېۋىلەرنى تونۇشنى ئۆگىتىدۇ. كىتابتىكى ئويۇنلارنى ئوينىغاندىن سىرت ئانا-بالا بىلەن بىرگە مېۋىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تىزىپ، ئائىلىدىكىلەرنىڭ يېيىشى ئۈچۈن تەييارلىسا بولىدۇ.



# بەش ئەزا

سول تەرەپتىكى رەسىمدىكى ئەزالارنىڭ ئۈستىگە قەغەز قويۇپ نۇسخا سىزغاندىن كېيىن كېسىۋېلىپ مۇۋاپىق ئورۇنلارغا چاپلاڭ.





ئەسكەرتىش

بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئانا بالىغا ياردەملىشىپ كىچىك رەسىملەرنىڭ ئۈستىگە قەغەز قويۇپ نۇسخا سىزىشىپ بەرگەندىن كېيىن بالىغا كەستۈرۈپ چاپلاتسا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# قار ئۇچقۇنى



1. قار ياغدى، ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرى ئاسماندىن لەپىلدەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن كائىناتنى ئاپئاق قىلىۋەتتى. ئېيىق بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن: ”ۋۇي! سىرتتىكى ئاپئاق نەرسىلەر تۇزمىدۇ؟ تېزدىن بېرىپ ئازراق ئېلىپ كېلەي! قورۇما قورۇغاندا سېلىۋەتسەم قورۇما تەملىك بولىدۇ“ دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

2. كۈچۈك ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قاۋاپ تۇرۇپ: ”ۋۇي، سىرتتىكى ئاپئاق نەرسىلەر شېكەرمىدۇ؟ تېزدىن بېرىپ ئازراق ئېلىپ كېلەي! تورت ياسىغاندا تاتلىق بولىدۇ“ دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. بۆجەن بۆنى كۆرگەندىن كېيىن: ”خاتالاشتىڭلار! خاتالاشتىڭلار! بۇ قار، ئىشەنمىسەڭلار تېتىپ بېقىڭلار“ دېدى. ئېيىق بىلەن كۈچۈك تېتىپ بېقىپ يۇقىرى ئاۋازدا ”قار تاتلىقمۇ ئەمەس، تۇزلۇقمۇ ئەمەس ئىكەن! يېسەك ئاغزىمىز توڭلايدىكەن“ دېدى.


**ئەسكەرتىش**

بۇ ھېكايە بالىلارنى قارغا مۇناسىۋەتلىك دەسلەپكى بىلىملەرگە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن: قار ئاق رەڭلىك بولۇپ، شەكلى چىرايلىق، ئۇ ئاسماندىكى سۇ تامچىلىرىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، سۇغا ئوخشاش رەڭسىز ھەم تەمسىز.

# كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا؟



قېنى ئېيتىپ بېقىڭ؟ رەسىمدىكى قايسى
كىچىك دوستلارنىڭ قىلغانلىرى خاتا؟
توغرىلىرىغا بىر تال گۈل سىزىپ قويۇڭ.









www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئەركىن يولدىن ئېزىپ قالدى






1. كىچىك دوستلار باھار سەيلىسىگە چىقىپتۇ، ئەركىن مايمۇننىڭ سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ.

2. چاتاق بولدى! ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ناتونۇش كىشىلەرغۇ، مۇئەللىم بىلەن كىچىك دوستلار نەگە كەتكەندۇ؟



3. ئەركىن بىر چوڭ ئادەمنى تېپىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنمەكچى بولدى، بىراق ئەسكى ئادەملەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ جۈرئەت قىلالمىدى.

4. ئۇ ساقچى تاغىنى تېپىپ ئۆيىگە كېتىۋالماقچى بولدى، بىراق باغچىدا ساقچى يوق ئىدى.

5. ئەركىن تۆت ئەتراپقا قاراپ بىر بىخەتەر جاينى تېپىۋالماقچى بولدى. ئەمما قەيەر بىخەتەر؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




6. "تاپتىم! تاپتىم!" چىن چىن باغچدىكى چىرايلىق ئۆينى كۆرۈپ قالدى.

7. ئەركىن ئىشخانىغا ئىتىلىپلا كىردى.



8. ئىشخانىدىكى تاغا، ھەدىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەمما ئۆركىن بولسا يىغلاپ يۈرۈپ: "قورسىقىم ئېچىپ كەتتى! ئاپامنى كۆرگۈم كەلدى! مەن ئۆيگە قايتىمەن." دېدى.





9. بەختكە يارىشا ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرى ئەركىننىڭ ئېسىدە بار ئىكەن، قاراڭ! ھەدەش ئۇنىڭ ئاپىسىغا تېلېفون ئۇرۇپ ئۇنى ئەكىتىشنى ئېيتتى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەينەك




مۇز دېسىڭىز ئېرىمەس،
سۇ دېسىڭىز ئاقالماس.
قارىسىڭىز كۆرۈنمەس،
سىلىق ھەم ئۇ پارقىراق.



www.uyghurkitap.com




تۆمۈر قۇتا




شپرىس



گۈل قۇتىسى



قېرىنداش



مۇز پارچىسى



ماشىنا



ساپال قاچا



دورا قۇتىسى



يازلىق ئاياغ




لاي قونچاق

**ئەسكەرتىش**

ئاۋۋال بالىغا تېپىشماقنى تاپقۇزۇڭ، بالا تېپىشماقنى تاپالىغاندىن كېيىن، بالىغا بۇ رەسىملەرنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەينەكتىن ياسالغانلىقىنى، قايسىلىرىنىڭ ئەمەسلىكىنى پەرقلەندۈرگۈزۈڭ. ئۇنىڭغا ئەينەكنىڭ سۈزۈك، پارقىراق ھەم ئاسان چېقىلىدىغان ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ.

# دېرىزە ئەينىكى نەگە كەتتى؟

1. توشقان يوغان تۇرۇپتىن ئۆي ياساپتۇ، ئۇنىڭغا دېرىزىدىن بىرنى ئېچىپلا كۆچۈپ كىرىپتۇ.





2. قىش پەسلى يېتىپ كېلىپتۇ. سوغۇق شامال دېرىزىدىن كىرىشكە باشلاپتۇ. "نېمىدېگەن سوغۇق ھە! بىر پارچە ئەينەك ئەكىلىپ دېرىزىگە ئورنىتىپ قويسام بولغىدەك" دەپ ئويلاپتۇ توشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



3. بىراق توشقان ھېچ يەردىن ئەينەك تاپالماپتۇ، ئۇ دەريا بويىغا كېلىپ دەريانىڭ قېلىن مۇز توڭلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر پارچىنى چېقىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.



4. مۇزنى ئەينەككە ئوخشاش قىلىپ دېرىزىگە ئورنىتىپتىكەن ئۆينىڭ ئىچىمۇ ئېللىپتۇ، توشقان ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.



5. ئەتىسى كۈن چىقىپتۇ، تۇيۇقسىز سۇ تامچىلىرى توشقاننىڭ بېشىغا چۈشۈشكە باشلاپتۇ. توشقان بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا، مۇزدا ياسالغان دېرىزە ئەينىكى يوق تۇرغۇدەك.

**ئەسكەرتىش**

ئانا بالىدىن مۇزدىن ياسالغان دېرىزە ئەينىكنىڭ نېمە ئۈچۈن يوقاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نېمىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى سوراپ باقسا بولىدۇ.

# ماگنىت بىلەن كىم دوست بولالايدۇ؟

ماگنىت تۆۋەندىكى نەرسىلەردىن قايسىلىرىنى ئۆزىگە تارتالايدۇ. قېنى ماگنىت تېپىپ ئۆزىڭىز سىناپ بېقىڭ.




**ئەسكەرتىش**

ئانا بالا بىلەن بىللە ھەرخىل نەرسىلەرنى تېپىپ كېلىپ، ئەمەلىي سىناق قىلىپ باقسا، بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ، بىر تەرەپتىن خاتىرىلىسە، ئاخىرىدا ”ماگنىت تۆمۈردىن ياسالغان نەرسىلەرنى ئۆزىگە تارتالايدۇ“ دېگەن يەكۈنگە ئېرىشەلەيدۇ.

# كىچىك قايچا

كىچىك قايچىڭىز بىلەن بۇ رەسىملەرنى كېسىۋېلىڭ.




ئەسكەرتىش

ئۈچ - تۆت ياشــلىق بالىلاردا قايچىغا نىسبەتەن كۈچلۈك قىزىقىش شــەكىللىنىدۇ. ئائىلە باشلىقى بالىنى ھەرخىل قەغەز، رەخت قاتارلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ بالىنىڭ قىزىقىشــنى قاندۇرسا ۋە بالا بىلەن قايچىنى توغرا ئىشلىتىش ئۇسۇلى ھەققىدە پىكىرلەشســە شۇنداقلا بالىغا قايچىنى باشقىلارغا ئۇزاتقان ۋاقىتتا ھەرگىز قايچىنىڭ ئۇچىنى باشقىلارغا قاراتماسلىقنى، چۈنكى بۇنداق قىلىشنىڭ خەتەرلىك ھەم ئەدەپسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسە بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





# ياغاچتىن نېمىلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ


www.uyghurkitap.com
























**ئەسكەرتىش**

ئانا بالىغا ياغاچنىڭ سۇدا لەيلەيدىغانلىقى، ئوتتا كۆيىدىغانلىقىدەك ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى سۆزلەپ بەرسە، ھەمدە بالىدىن ئۆيىدىكى قايسى نەرسىلەرنىڭ ياغاچتىن ياسالغانلىقىنى سوراپ باقسا بولىدۇ.

# ھەرخىل بايراملار



دېھقانلار كالېندارى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باھار بايرىمى. باھار بايرىمى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمىدۇر، ھارپا ئاخشىمى پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ بەنشە يېيىشىدۇ، پوجاڭزا ئېتىشىدۇ.



1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يۈەن شياۋ بايرىمىدا كىشىلەر خۇشال ـ خۇرام پانۇس تېپىشماقلىرى ئېيتىشىدۇ.



تاگزۇگزا چاغىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان پائالىيەتلەر ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، تاگزۇگزا يېيىش، ئەجدىھا قېيىق مۇسابىقىسى قاتارلىقلار.

تاۋۇز چاغىنى كۈنى ئاي تولىدۇ، بۇ كۈندە كىشىلەر تولۇنئاي ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئاي توقچى يەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان خاتىرە كۈن. قاراڭ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاسماندا لەپىلدىمەكتە.



ئانىلار بايرىمى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ يەكشەنبىسى سىز ئانىڭىزغا قانداق سوۋغات تەييارلىدىڭىز؟

www.uyghurkitap.com





روژدېستۋو بايرىمى يېتىپ كەلدى، دۇنيادىكى بارلىق كىچىك دوستلار روژدېستۋو بوۋاينىڭ سوۋغىسىنى ساقلىماقتا.



6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بالىلار بايرىمى بولۇپ، ئۇ كىچىك دوستلارنىڭ ئۆزىنىڭ بايرىمى.

# قۇش باللىرى مۇشۇنداق چوڭ بولدۇ



**ئەسكەرتىش**

ئانا بۇ بىر نەچچە رەسىمگە ئاساسەن بالىغا قۇش باللىرىنىڭ چوڭ بولۇش جەريانىنى تونۇشتۇرسا بولىدۇ.



# كىمنىڭ قىياپىتى توغرا؟

**ئەسكەرتىش**

بالىغا ئولتۇرۇش ۋە مېڭىشتىكى توغرا قىياپەتنى ئۆگىتىش، پەقەت قىياپەت ئۆلچەملىك بولغاندىلا ئاندىن سۆڭەكلەرنىڭ ياخشى ئۆسەلەيدىغانلىقىنى، بەدەننىڭ گۈزەل ھەم ساغلام بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

# زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش




1. ئەتىگەندە پىك پىك بېشىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى، گېلىنىڭ قۇرۇپ ھەم قىرىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئاغرىۋاتاتتى، ئاپىسى ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ بېقىپ: "ئاپلا! قىزىپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ، تېزدىن دوختۇرخانىغا بارايلى" دېدى.

2. دوختۇر پىك پىكنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ بېقىپ: "ۋويي! قىزىتمىسى بەكلا ئۆرلەپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ!" دېدى. پىك پىك دوختۇرغا: "گېلىم ئاغرىۋاتىدۇ، بۇرنۇممۇ پۈتۈپ قالدى، دائىم چۈشكۈرۈپلا تۇرۇۋاتىمەن" دېدى.



www.uyghurkitap.com

3. دوختۇر پىك پىڭنىڭ گېلىنىڭ ھەم قىزىرىپ ھەم ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا "سىز زۇكام بولۇپ قاپسىز، ۋاقتىدا دورا يەپ، كۆپرەك ئارام ئېلىپ، كۆپرەك قايناقسۇ ئىچىپ بېرىڭ" دېدى.



4. دوختۇر يەنە ئۇنىڭ ئاپىسىغا: "ھاۋا ئۆزگەرگەندە، بالىنى كىيىندۈرۈشكە دىققەت قىلىڭ، زۇكام تارقالغان مەزگىلدە بالىنى ئاممىۋى سورۇنلارغا ئاز ئېلىپ بېرىڭ" دېدى.

**ئەسكەرتىش**

بۇ ھېكايىدە زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساۋاتى ئاددىي قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان. زۇكام، بالىلار ئاسانلا گىرىپتار بولۇپ قالىدىغان كېسەللەرنىڭ بىرى. ئانا بالىغا ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىزلاپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئوڭاي زۇكام بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئادەملەرنىڭ يەنە باشقا كېسەللەرگىمۇ مەسىلەن، نەپەس يولى ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى... دېگەندەك كېسەللەرگىمۇ ئوڭاي گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى ھەم بەدەن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرسە بولىدۇ.



# گۈل تېرىش



1. ئېيىق، ئاسلان، تىيىن قاتارلىقلار بىرلىكتە ناھايىتى چىرايلىق بىر تال گۈل كۆچۈرۈپتۇ.

2. ئەتىگىنى ئېيىق دالىدا ھەسەل تېپىپ يەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: "ئاسلان بىلەن تىيىن گۈلنى سۇغىرىدۇ" دەپ ئويلاپتۇ.

3. ئاسلان دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى كېتىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: "ئېيىق بىلەن تىيىن بەرىبىر گۈلنى سۇغىرىدۇ" دەپ ئويلاپتۇ.



4. تىيىن ئورمانلىقتا قوزىقارنى (موگۇ) تەرگىلى كېتىپتۇ. ئۇمۇ كۆڭلىدە: "ئېيىق بىلەن ئاسلان گۈلنى سۇغۇرىدۇ" دەپ ئويلاپتۇ.



5. ئۇلار قايتىپ كېلىپ قارىسا، گۈل قۇرۇپ كېتىپتۇ.

6. ئېيىق، ئاسلان، تىيىنلار يەنە بىر تال گۈل كۆچۈرۈپتۇ.

7. ئەتىگەندە، ئېيىق كېلىپ گۈلنى سۇغىرىپتۇ.

8. ئاسلانمۇ كېلىپ گۈلنى سۇغىرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



9. ئاسلان گۈلنى ئەمدىلا سۇغىرىپ بولىشىغا تىيىنمۇ گۈلگە ناھايىتى جىق سۇ قۇيۇپتۇ.

10. "ۋۇي! گۈل قۇرۇپ قاپتۇغۇ؟" ئەسلىدە گۈل سۇغا چىلىشىپ قېلىپ يىلتىزى سېسىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ! كىچىك دوست، ئەگەر سىز بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

**ئەسكەرتىش**

ئانا بالىدىن: "ئېيىق ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى گۈلنى نېمىشقا ياخشى ئۆستۈرەلمىدى؟ بىرىنچى قېتىمدا نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولدى؟ ئىككىنچى قېتىمدىچۇ؟ ئەگەر ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم گۈل ئۆستۈرۈپ قالسا ئۇنى قانداق سۇغىرىشى كېرەك؟" دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ باقسا بولىدۇ.

# گۈل

بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان گۈللەر بار، سىز ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟




www.uyghurkitap.com



# مايمۇنچاقنىڭ گۈل چەمبىرەك ياسىشى

1. مايمۇن ئانا ئۆينىڭ ئالدىغا ئىككى تۈپ شاپتۇل دەرىخى تىكىپتۇ. باھار كېلىشى بىلەن بۇ شاپتۇل دەرىخى چېچەكلەپتۇ.

2. بىر كۈنى مايمۇن ئانا تاغقا ياۋا مېۋە ئۈزگىلى كېتىپتۇ. ئاكا-ئىنى مايمۇنچاقلار ئۆيدە ئويۇن ئويناشقا باشلاپتۇ. ئۇلار نۇرغۇن شاپتۇل چېچەكلىرىنى ئۈزۈپ گۈل چەمبىرىكى ياساپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئويناپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

3. مايمۇن ئانا قايتىپ كېلىپ، بىر تۈپ دەرەختىكى بارلىق چېچەكلەرنىڭ ئۈزۈۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ۋە "كېيىن مۇشۇ دەرەختە بولغان مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ بولسۇن" دەپتۇ.

4. ياز كېلىپتۇ، بۇ بىر تۈپ چېچىكى يوق شاپتۇل دەرىخى پەقەت يوپۇرماقلا چىقىرىپتۇ، مېۋىلىمەپتۇ. يەنە بىر تۈپ دەرەخ بولسا شاپتۇل بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. كىچىك دوست، سىزنىڭچە بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟

ئەسكەرتىش

ئانا بۇ ھېكايە ئارقىلىق بالىغا مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلىگەندىن كېيىن، ئانىلىق گۈلنىڭ چاڭلىنىش ئارقىلىق مېۋىگە ئۆزگىرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەننىي ساۋاتنى سۆزلەپ بەرسە بولىدۇ.

# قىزىل ئالتۇن بېلىق

قۇيرۇقنى ئوينىتىپ،
ئالتۇن بېلىق ئۈزۈشەر.
خويمۇ راھەت سۇ ئارا،
دوستلار دىدار كۆرۈشەر.



**ئەسكەرتىش**

بۇ بىر كۇپلېت ئالتۇن بېلىق تەسۋىرلەنگەن بالىلار ناخشىسى بولۇپ، ئانا بالىغا رەسىمگە ئاساسەن ئالتۇن بېلىقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەتسە بولىدۇ.

# چاشقاننىڭ توك ئىشلىتىشى



1. چاشقانچاق ئۆي كۆچۈپتۇ، ئۇنىڭ يېڭى ئۆيى بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۇنىڭغا ئۆي ئىچىدىكى ھەممىلا نەرسە يېڭىلىق بىلىنىپتۇ.



2. چاشقانچاق تامدىكى ئۈچ تال كىچىك تۆشۈكنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: ”بۇ تۆشۈكلەر ھەققەتەن غەلىتىكەن، ئىچىدە ياخشى يېمەكلىكلەر بارمىدۇ؟“ دەپ ئويلاپتۇ.



3. ئۇ بارماقلىرىنى تامدىكى تۆشۈككە تىقىپتۇ ـ دە قورقىنىدىن: ”ۋايجان! بىر نەرسە مېنى چىشلىۋالدى“ دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4. بۇ چاغدا چاشقانچاقنىڭ ئانىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا: ”بۇ توك چاتقۇچ، ئىچىدە توك بار، قولۇڭنى ئىچىگە تىقساڭ بولمايدۇ، جۇمۇ!“ دەپتۇ. چاشقانچاق بېشىنى لىڭشىتىپ: ”ھەئە، بىلدىم!“ دەپتۇ.

5. چاشقانچاق توڭلاتقۇنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇن سىمنى كۆرۈپ، ئانىسىغا: ”بۇ كىچىك قۇيرۇق بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن، ماڭا بۇنى كېسىپ بېرىڭ، ماقۇلمۇ؟“ دەپتۇ.





6. ئانــا ئۇنىڭغــا: ”بۇ دېگــەن توك
ـــمى، توك سىمى ئىچىدە توك بار، ئۇنى
ويناشقا بولمايدۇ، بولمىسا توك تېپىۋېتىدۇ“
دەپتۇ.

7. ”ئانا، ئۇنداقتــا توكنىڭ قانداق رولى بار؟“
چاشــقانچاق ئانىسىدىن سوراپتۇ. ئانىسى ياگراتقۇچنى
ئېچىپتىكەن ئۇنىڭدىن يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى ياگراشقا
باشلاپتۇ.

8. ئانىسى يەنە شامالدۇرغۇچنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپتىكەن،
شامالدۇرغۇچ چۆرگىلەشكە باشلاپتۇ. چاشقانچاق خۇشال بولۇپ:
”ۋاھ! توكنىڭ رولى ھەقىقەتەن چوڭكەن“ دەپتۇ.



**ئەسكەرتىش**

ئانــا بالىدىــن يەنــە قانــداق ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ بارلىقىنى سوراپ باقسا بولىدۇ، ھەمدە بالىغا ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىش ســاۋاتلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى ھەم توك چاتقۇچ قاتارلىق خەتەرلىك نەرســىلەرگە بالىنى يېقىنلاشتۇرماسلىقى لازىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# سۇنىڭ قانداق رولى بار؟

رەسىمدىكى كىچىك ھايۋانلار نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلار نېمىدىن پايدىلىنىۋېتىپتۇ؟







**ئەسكەرتىش**

ئانا بالىغا سۇنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشى، كىچىكىدىن تارتىپ بالىدا سۇ تېجەش ئۇقۇمىنى يېتىلدۈرۈشى ھەمدە بالىغا سۇنى تېجەپ ئىشلەتكۈزۈشى كېرەك. مەسىلەن: چىش چوتكىلىغاندا جومەكنى ئېتىۋېتىش، يۇيۇنغان ۋاقىتتا ئىمكانقەدەر ۋانندا يۇيۇنماي مۇنچىدا يۇيۇنۇش قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

翻译：海力古丽·衣不拉音
责任编辑：胡达白尔的
责任校对：哈尔木拉提
美术编辑：万俭
装帧设计：万俭　徐洁
民文封面设计：金晔

دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەۋسىيە قىلغان مۇنەۋۋەر بالىلار ئوقۇشلۇقى

# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا



ئەقىل ـ پاراسەت قىسمى

ھېكايىلەر قىسمى

ئومۇمىي ساۋات قىسمى

ISBN 978-7-105-09500-1
9 787105 095001 >
定价:8.00元